# ئىزدىنىش

(تاللانما)

6

1994

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1994-يىل 6-سان

(ئومۇمىي 72-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 8- ۋە 9-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك**
........................................ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى()

**ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەريانىدا ئىشچىلار سىنىپىغا جان-دىلىمىز بىلەن تايىنايلى** ........................................ ۋېي جيەنشىڭ()

**چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، مۇستەھكەملەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى تۇتۇش لازىم**
........................................ خۇ زۇگېن()

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە دائىر مۇھاكىمە.

**ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىسلاھاتىنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش** ........................................ بەي لىچېن()

**★6-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: NC11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سېستىمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

# پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش-مۇقىملىقنى ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ "بەش سۆزلۈك فاڭجېن" پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىلىنىڭ بېشىدىلا بەلگىلىگەن بۇ يىللىق پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشتۇر. يېقىندىلا ئاياغلاشقان 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنى ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2-يىغىنىدا، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرى بۇنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە بۇ چوڭ ئىشنى قوغداش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە خىزمەت قىلىش شەرتى ئاستىدا، قانداق قىلىپ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى تېرىشىپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا خېلى كۆپ ئىنتايىن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئالاقىدار بولغان بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپچىلىك كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇشقا كەلدى.

خەلق ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرى شۇنى تولۇق تونۇپ يەتتىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ فاڭجېننى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ۋە توغرا مۆلچەرلەش ئاساسىدا بەلگىلىگەن. خەلقئارا ۋەزىيەتتىن قارايدىغان بولساق، ھازىرقى دۇنيا كونا ئەندىزىدىن يېڭى ئەندىزىگە ئۆزگىرىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرماقتا ھەمدە كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تېز تەرەققىي قىلماقتا، تىنچلىق، ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تەلىپى بولۇپ قالماقتا. كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، كۆپىنچىسى ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ۋە ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويماقتا. دۆلىتىمىز توغرا دىپلوماتىك سىياسەت ۋە تاشقى خىزمەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغاچقا، بولۇپمۇ ئىقتىسادىمىز تېز تەرەققىي قىلىپ، ئومۇمىي دۆلەت كۈچىمىز زور دەرىجىدە كۈچەيگەچكە، خەلقئارادا ئابورويىمىز بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئاز ساندىكى غەرب چوڭ دۆلەتلىرى سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا قارىتا پات-پاتلا ئەقىلسىزلارچە "چۆپ‌يېلىك" قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز ياخشى خەلقئارا مۇھىتتا تۇرماقتىمىز، پايدىسىز شارائىتتىن پايدىلىق شارائىت كۆپرەك، پاسسىپ ئامىلدىن ئاكتىپ ئامىل كۆپرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، كۈچنى توپلاپ ئون نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، خەلق ئىگىلىكىمىز ئىلگىرىكە-

دىن كۆپ پۇختا بولغان ماددىي ئاساسقا ئىگە بولدى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ئۇ داۋاملىق ھالدا يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئېشىپ كەلدى، باشقا جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇشلارمۇ داۋاملىق ھالدا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ تۇردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىيات جەھەتتىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىسلاھاتقا بولغان ئىنتىلىش كۈچىنى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ چەت ئەل كاپىتالى ۋە تېخنىكىسىغا بولغان جەلىپ قىلىش كۈچىنىمۇ ئاشۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىز پۇرسەتنى ئېنىق كۆرسەك، پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يەتسەك، پۇرسەتنى چىڭ تۇتساق ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلانساق، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەھەتتە تەشەببۇسكارلىققا ئىگە بولۇپ، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدىلا جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان "بەش سۆزلۈك فاڭجېن"نىڭ ماھىيىتى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت. شۇڭا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بۇ يىلقى خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشنى قوغداش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي تەرەققىيات زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزى، ئىسلاھات ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ نىشانى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئاساسى؛ ئىسلاھات ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئilgىرى سۈرۈشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش بولسا ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا خۇددى شاخمات تاختىسىدىكى بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ستراتېگىيىلىك ئورۇقلار، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئوبدان ماڭالايدىغانلا بولساق، ھەممىسى يۇرۇشۇپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ بىرىنى جايىدا ماڭمىساق، قالغان ئىككىسىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ-دە، پۈتكۈل ۋەزىيەت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە ھاسىل بولغان تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ يەكۈنى، ھەم پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي لۇشيەننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەلپى. ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتى. بىز چوقۇم تىرىشىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشىمىز، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم، ئەينى ۋاقىتتا بىز يەنە مۇقىم ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىتنى ساقلاشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، مۇقىملىقنى ساقلاش ئاساسىدا ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرىدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ

داۋاملىق غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشنى پۇختا ئىگىلەش ۋە قەتئىي قوغداش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ بىرلىكى ۋە كەسكىنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ھەممە تەرەپنىڭ تەدبىر ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ بىردەك ماسلىشىپ تۇرۇشىنى ساقلاش كېرەك. بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ھەم ئېغىر. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، بازار سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئۈنۈملۈك بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە-باج، مەبلەغ سېلىش، تاشقى سودا ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغرا ھەل قىلىنماي بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، مەركەز ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەدبىر كۆرۈپ، يۇقىرىقى جەھەتلەردە بىر قاتار چوڭ-چوڭ ئىسلاھات لايىھىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويدى، ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىرنەچچە تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى "قاتتىق جەڭ"، بۇنى ئىسلاھات جەريانىدىكى "مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى" دېيىشكە بولىدۇ، بۇ ئىسلاھاتلار ئىلگىرىكى ئىسلاھاتلاردىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە: ئۇ تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان تۆرتكىنى ئاساس قىلىشتىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەشكىللىك، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئالغا سۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەردى؛ ئايرىم-ئايرىم تەدبىر ئارقىلىق ئالغا سۈرۈشنى ئاساس قىلىشتىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، نۇقتىلىق بۆسۈش بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشكە بۇرۇلدى؛ كونا تۈزۈلمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتىن يېڭى تۈزۈلمىنى ئورنىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشقا بۇرۇلدى؛ ئاساسلىقى سىياسەت ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، يېتەكلەش ئارقىلىق بۇرۇلۇش ياساشتىن بارغانسېرى قانۇننىڭ تۈرتكىسى، كاپالىتى ۋە چەكلىشىگە تايىنىدىغان بولۇشقا بۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەركەزنىڭ ئىسلاھاتقا دائىر سىياسەت ۋە ئەمىر-پەرمانلىرى ئېلان قىلىنىسلا، نوپۇزغا ئىگە بولىدۇ، ھەرقانداق ئالاقىدار ئىقتىسادىي پائالىيەت سۇبيېكتلىرى ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەككى، سودىلىشىشقا، كۆتۈپ تۇرۇشقا ئورۇن يوق. تەرەققىياتنىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى، مال باھاسىنى، ئىناۋەتلىك قەرز كۆلىمىنى كونترول قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەركەزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش تەدبىرىنىڭ نوپۇزىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، تارماقلار، ھەر قايسى كەسىپ-ساھەلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمىيلىقنى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، "پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاخمات" دەيدىغان ئاڭنى كۈچەيتىشى، ھەركىم باشباشتاقلىق قىلىدىغان، ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرىدىغان خاتا قىلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنى قەتئىي تۈزىتىشى لازىم. ئىسلاھات چوڭقۇرلاشقانسېرى بازارنىڭ رولى شۇنچە كېڭىيىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرگە شۇنچە تېگىلىدۇ،

ئەسلىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە مەنپەئەت قۇرۇلمىسى شۇنچە زور ھەجىمدە ۋە شۇنچە چوڭقۇر دەرىجىدە تەڭشىلىدۇ، بۇ ھالدا، غايىنى، ئىنتىزامنى، ئىتتىپاقلىقنى، ئومۇمىيلىقنى تەكىتلەش، جاپا-مۇشەققەتنى بىللە كۆرۈش، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا، مەلۇم رايونلارنىڭ، مەلۇم ساھەلەرنىڭ دۆلەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى مۇقەررەر ئىش، بەزىدە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەت زىتلىشىپ، توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە قەتئىي بويسۇندۇرۇشنى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە قەتئىي بويسۇندۇرۇشنى تەكىتلەش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن خەلق ئىگىلىكى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن يۈكسىلىش داۋامىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تۈزۈلمىنى يەڭگۈشلەشنى تېزلىتىش داۋامىدا خەلق ئىگىلىكىنى ھەم تېز، ھەم ياخشى راۋاجلاندۇرۇشنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە، ئومۇمىي جەھەتتە، ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى "ئىككى قولدا تۇتۇش"تا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن ستراتېگىيىلىك فاڭجېن، شۇنداقلا خىزمىتىمىزدىكى چوڭ ئىشنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئىشى يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىمۇ، يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى يۈكسەلدۈرۈلگەندە، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىقتۇق، دەپ ئېيتالايمىز. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئاشقانلىقىدىلا ئەمەس، ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئەگەر بىرەر رايوننىڭ ئىقتىسادى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي كەيپىياتى بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇ ھالدا ئۇنى ھەقىقىي تۈردە تەرەققىي تاپتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىدى دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. بىر قول قاتتىقراق، بىر قول يۇمشاقراق بولۇش پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ماددىي مەدەنىيەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتكە سەل قاراش دۆلەت ئۈچۈنمۇ، مىللەت ئۈچۈنمۇ، شەخس ئۈچۈنمۇ بىر خىل ئىنتايىن خەتەرلىك خاھىش ھېسابلىنىدۇ. بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرگە، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشىمىز، خەلققە قارىتىلغان توغرا ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ساغلام مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ساقلاپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشىمىز، خەلق

ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشنى پۇختا ئىگىلەپ. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش-سۈرەلمەسلىك يېڭى تارىخىي شارائىتتا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى، سىياسەت سەۋىيىسى، بىلىم دەرىجىسى، خىزمەت ئىقتىدارى ئۈچۈن يېڭى سىناق ۋە ئۆلچەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز چوقۇم يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقتا، كۈچلۈك دەۋر تەخىرسىزلىكى ۋە خەۋپ تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا بولغان رەھبەرلىك خىزمىتىگە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىشىمىز، پۇختا، بېرىلىپ ئىشلەپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش جەريانىدا، يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، ھازىر ئىگەللىگەن بىلىملەرگە ۋە ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرگىلا تايىنىپ ئىش قىلىش زادىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بىز ئۆزىمىزدە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى، نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بىزگە تونۇش ئەمەسلىكىنى، ئۇنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى سەممىيەت بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە بۇنىڭ تۈرتكىسىدە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ماھارىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى يېڭىباشتىن سىستېمىلىق ئۆگىنىشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى پىششىق ئىگىلىشىمىز ۋە تەتبىقلىشىمىز كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز ۋە ياخشى تەتبىقلىشىمىز ھەم ئۇنى ئىدىيىۋى ئاساس ۋە نەزەرىيىۋى قىبلىنامە قىلىپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشىمىز، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، قانۇن-نىزاملىرىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا دائىر بەزى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەينەك قىلىشىمىز كېرەك. مەركەز بەلگىلىگەن چوڭ-چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىگە قارىتا، بىز ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى تۈزۈشنىڭ ئاساسىنىمۇ چۈشىنىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى توغرىلىق، ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى ئۆستۈرەلەيمىز.

ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن

پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار ئومۇمىيلىقنى قوغداش، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا ئۆز تارمىقىنىڭ، ئۆز رايونىنىڭ خىزمىتىنى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشى لازىم. ھەم ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دادىل ئىزدىنىپ، قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان چىداملىق روھنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېھتىياتچان-ئەمەلىيەتچىل بولۇشتەك ئىلمىي پوزىتسىيىنى تىكلەش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىش، سۇبيېكتىپچىلىقنى ئازراق قىلىش؛ ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىش، قۇرۇق سۆزنى ئازراق قىلىش، سۆلەتۋازلىق، شەكىلۋازلىق قىلماي، مەركەزنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشقا دائىر تەدبىرلىرىنى ئۆز تارمىقىدا، ئۆز رايونىدا بىر-بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى بىلەن كۆزىتىپ، ئۆز ۋاقتىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تۇرۇش، ئىلگىرىلەش داۋامىدا كۆرۈلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ تۇرۇش ۋە ھەل قىلىپ تۇرۇش لازىم.

خەلق ئاممىسى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ۋە مەنپەئەتدارى، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پۈتكۈل خەلقىمىزنى تېخىمۇ بەختلىك، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما چوڭ-چوڭ تۈزۈلمىلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى داۋامىدا، بىر قىسىم كادىرلار ۋە بىر قىسىم ئاممىنىڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقان مەنپەئىتى مەلۇم تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە قاتلاملاردىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەت ئېلىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن بەزى زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىنچىكە ۋە پۇختا ئىشلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە جامائەت پىكرىنىڭ توغرا يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. 15 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ غايەت زور ئۆزگىرىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت جانلىق پاكىتلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ خەلقنى بېيىتىش، دولەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەن بولغان مۇقەررەر باغلىنىشىنى، دۆلەت مەنپەئىتى، كوللېكتىپ مەنپەئىتى ۋە شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىسەكلا، خەلق ئاممىسى ئىسلاھاتنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، پارتىيىمىزنىڭ ھەممە جايدا ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىدىغان، ھەممىدە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، چىن كۆڭۈل-سەممىي نىيەت بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشى، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنى غەم-قايغۇدىن خالاس قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ سەي-كۆكتات، ئاشلىق-ماي، تۇرالغۇ قاتارلىق ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئەمەلىي ئىشلارنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبەرلەر دائىم ئاما ئارىسىغا بېرىپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى

ئىگىلەپ، خەلقنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، تۈرلۈك چارە-ئاماللار بىلەن كەڭ ئاممانىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتىكى زوقىنى ئىسلاھاتقا قاتنىشىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئاكتىپلىققا ئايلاندۇرۇشقا يېتەكلەپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كىشى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئىشلەپ، ئىناق ئۆتۈپ، بىرجانىدىل ھەمكارلىشىپ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم.

يولداش جىياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت بەلگىلىگەن بۇ يىلقى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ زور غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەريانىدا ئىشچىلار سىنىپىغا جان-دىلىمىز بىلەن تايىنايلى

ۋېي جيەنشىڭ

پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. بۇ مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈپ ئۆتۈش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يىل مەملىكىتىمىز يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىدىغان، ئىسلاھاتنى ھەر جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ھالقىلىق بىر يىل. مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بۇ يىلقى خىزمىتىدىكى توپ فاڭجېنىنى يېقىندىن چۆرىدىگەن، "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش"تىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا ئائىتلىق بويسۇنغان ۋە خىزمەت قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇلماقتا. ئىشچىلار سىنىپى دۆلەتنىڭ رەھبىرىي سىنىپى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچى-قىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەش ھازىرمۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ھازىر، دۆلىتىمىز ئىچكى جەھەتتە ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، تۈرلۈك ئىشلار جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتتە تۇرماقتا؛ خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەملىكىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

-مزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. ۋەزىيەت قانچە ياخشى بولغانسېرى، پۇرسەتنى شۇنچە چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن شۇنچە ئوبدان پايدىلىنىشىمىز، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، دۈچ كېلىشى مۇمكىن بولغان رىقابەت ۋە ساقلىنىشىمىز كېرەك بولغان مەسىلىلەرنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغان ۋاقتىمىزدا خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ، تېخىمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، تىرىشىپ ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىسلاھات - ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، تەرەققىيات —— مەقسەت، مۇقىملىق —— كاپالەت، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر-بىرىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈن، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، ھېچنېمىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئىسلاھات ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشى. مەملىكىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ئىسلاھاتقا قارىتا غايەت زور سىياسىي قىزغىنلىقىنى نامايان قىلىپ، يۈكسەك خوجايىنلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن باشتىن-ئاخىر ئىسلاھاتتىن ئىبارەت دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئومۇمىيەتنى تونۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى پائال قوللاپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تارىخ سەھىپىسىدىن ئەبەدىي ئورۇن ئالىدىغان شانلىق تۆھپە ياراتتى. مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات نەتىجىلىرىگە ناھايىتى ياخشى باھا بېرىپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇ-رۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى پائال قوللىغان ۋە ھىمايە قىلغان؛ بەزى ئىسلاھاتلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە تاقىشىپ قالغان ۋاقىتتا، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىسلاھاتتىن ئىبا-رەت چوڭ ئىشقا پايدىلىق بولسىلا، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆتۈرەلەيدىغان بولسىلا قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر توغرا تونۇشنى ئىپادىلەپ ۋە ئىسلاھات جەريانىدا پەيدا بولغان تۈرلۈك يېڭى شەيئى، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا، قىيىنچىلىقلارغا قارشى ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان خوجايىنلىق روھىنى، ئۆزىنى مەرتىلەرچە بېغىشلايدىغان، ئىجادىيەت يارىتىشقا ماھىر بولىدىغان دەۋرگە خاس خىسلەتنى كۆرسىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىسلاھاتتىكى خوجايىن، ئاساسىي گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھاتنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش پۈتكۈل پارتىيە ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

ئىشچىلار سىنىپى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئاساسىي قوشۇن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا-

ڭكى هالقا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە، تەرەققىيات — ئومۇملۇق، تەرەققىيات — ھالقىدۇر. مەملىكىتىمىز ئىنقىلاب قىلغان ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان ھەرقايسى دەۋرلەردە، ئىشچىلار سىنىپى مىللەتنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقاندى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىشچىلار سىنىپى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق ياراتقان بايلىقى تەخمىنەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 70 پىرسەنتىنى، دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر بازارغا يۈزلىنىپ، ئۆز كەسپىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلدى، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى، مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش، ئىختىرا قىلىش، كەشىپ قىلىش، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى بازار ساھەسىگە ئېلىپ كىرىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قازاندى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىگە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، ئەقىل-پاراستى ۋە قان-تەرى سىڭگەن بولۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولى تولۇق نامايان قىلىندى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كەڭ تەسىرى ۋە يېتەكچى كۈچى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىي قوشۇن ۋە يېتەكچى كۈچنى ئاسراشقا، يېتەكلەشكە ۋە سەپەرۋەر قىلىشقا تېخىمۇ موھتاج.

ئىشچىلار سىنىپى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈك. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاشتا، مۇھىمى، ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك، بۇ — جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىدۇر. مەملىكىتىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپى تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ، مەيلى چىڭقىش-مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئالدىدا بولسۇن، ياكى ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتتە بولسۇن، ئىشچىلار سىنىپى باشتىن-ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك ھالدا قوغدىدى. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھەممىسى مۇقىم ئىجتىمائىي سىياسىي شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ”ئىشچىلار سىنىپى ئىشەنچلىك سىنىپ“. ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مۇقىملىقنى ساقلاش ئاساسىدا ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي

www.uyghurkitap.com

كاپالەتلىك قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، بۇ ـــ دەۋرنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەت.

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپە بىزنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا جان-دىل بىلەن تايىنىشتىن ئىبارەت تۈپ يېتەكچى فاڭجېنىدا ھېچ تەۋرەنمەي ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن چىڭ تۇرۇشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. بىر دۆلەتنىڭ قانداق خاراكتېردىكى دۆلەت ئىكەنلىكىگە قاراشتا، شۇ دۆلەتتىكى خەلقنىڭ دۆلەتتە قانداق ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىغا، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىگە قارىلىدۇ. پارتىيىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئىشچىلار سىنىپى بولسا پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسى؛ دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكرا- تىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئىشچىلار سىنىپى دۆلەتنىڭ رەھبىرىي سىنىپى. ئىشچىلار سىنىپى پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، پارتىيىمۇ پەقەت ئىشچىلار سىنىپىغا يېقىندىن تايانغاندىلا، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قىيىن يېرى قانداق قىلىپ بازار ئىگىلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈمنى بىر-بىرىگە مەھكەم باغلاش ۋە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش، ئۇنىڭدا ئەينەك قىلغىدەك تەييار تەجرىبە يوق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىغا جان-دىل بىلەن تايىنىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىگەندىلا ئاندىن ئۇتۇق قازىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى مۇنداق بولىدۇ: سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدۇ؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي شەكىل قىلىنغان ھالدا، كۆپ خىل تەقسىمات شەكىللىرى ئۇزۇن مۇددەت بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىر قىسىم رايونلار ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا يول قويۇلىدۇ، ئاخىردا ئورتاق بېيىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؛ دۆلەت پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە قارىتا ئۈنۈملۈك بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ ۋە يۈرگۈزى- دۇ. دېمەك، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز ئۆزگەرمەيدۇ، دۆلەتنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەتنىڭ رەھبىرىي سىنىپى ئىكەنلىكى ئۆزگەرمەيدۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسى ئىكەنلىكى ئۆزگەرمەيدۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كارخانا، كارخانىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولسا ئىشچى-خىزمەتچىلەر. بازار كارخانا تەرەققىياتىنىڭ سىرتقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى، ئەقىل-پاراستى ۋە ئىجادىي كۈچى كارخانا ھاياتىي كۈچىنىڭ بۇلىقى. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە

جارى بولۇشى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇب بولۇشىغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش دەرىجىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداش كېرەك. بۇ ھەم ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنىڭ تەلىپى، ھەم سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەۋزەللىكى.

2

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشتا، قانداق قىلىپ جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش نەزەرىيىۋىلىكى، سىياسەتچانلىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر مەسىلە، شۇنداقلا كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان گەۋدىلىك مەسىلە. بۇ جەھەتتە بىزدە ئاساس قىلغىدەك بىرمۇنچە قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت بار، ئەينەك قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە بولىدىغان نۇرغۇن ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرمۇ بار. نۆۋەتتە، مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ:

**بىرىنچى، ئىشنى تونۇش مەسىلىسنى تۈتۈشتىن باشلاپ، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش مەسىلىسنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈش كېرەك.** كىمكە تايىنىش مەسىلىسى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەممە كىشى ئۇچۇق تونۇپ بولغىنى يوق. گەپنى يوشۇرۇش ھاجەتسىزكى، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىمكە تايىنىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاش جەھەتتە، ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولدى. شۇڭا، بۇ مەسىلە ئۈستىدە، ئالدى بىلەن تونۇش مەسىلىسنى، بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىري كادىرلىرىنىڭ تونۇش مەسىلىسنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ تۈپ يېتەكچى فاكچېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەك-لىكىدە تۇرۇپ جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇش كېرەك. كۆپ خىل شەكىل ۋە يوللار ئارقىلىق، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى، ئېسىل پەزىلىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە كۆرسەتكەن غايەت زور تۆھپىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، تىرىشىپ پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىشچىلار سىنىپىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە تايىنىدىغان كۈچلۈك جامائەت پىكرىنى

www.uyghurkitap.com

ۋە قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلاردىن نۇرغۇن يولداشلارنىڭ يېڭىدىن رەھبەرلىك ئورنىغا چىققانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاممىۋى خىزمىتى، ئاممىۋى لۇشيەننى پىششىق بىلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە كادىرلىرىغا بولۇپمۇ ياش رەھبىرىي كادىرلارغا ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش ۋە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش توغرىسىدا قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيە مەكتىپى، مەمۇرىي كادىرلار مەكتىپى ۋە كادىرلار مەكتىپىنىڭ كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارىدىغان ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پارتىيىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىشچىلار سىنىپى، ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىگە دائىر دەرسلىكلەرنى قوشۇپ، بۇ تۈپ يېتەكچى فاكچىنىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىش كېرەك.

**ئىككىنچى، ئەمگەككە دائىر قانۇنلار ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرى جەھەتتە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى تولۇق ئىپادىلەش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.** پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت تۈپ يېتەكچى فاكچىنى، ئېلىمىزنىڭ ئەمگەككە دائىر قانۇنلار، ئىقتىسادىي نىزاملار ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرىدە تولۇق ئىپادىلەنگەن بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئەمگەككە دائىر قانۇن-نىزاملىرى ناھايىتى چالا بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش داۋامىدا كۈندىن-كۈنگە مۇرەككەپلىشىۋاتقان ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشنىڭ تەلىپىگە پەقەت ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ، شۇڭا «ئەمگەك قانۇنى»، «ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنى»، «ئەمگەك مۇھاپىزەت قانۇنى»، «ئەمگەك توختام قانۇنى» ۋە «ئىش ۋاقتى قانۇنى» قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم قانۇن-نىزاملارنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان بۇ مۇھىم قانۇن-نىزاملار ۋە سىياسەت-تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەت-تەدبىرلەرنى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساس ئۈستىگە قويۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپىنى تولۇق ئاڭلاش كېرەك. ئەمگەككە دائىر قانۇنلارنى تۈرغۈزۈش ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەمگەك شارائىتى ۋە خىزمەت مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئۇلارنىڭ كەسپىي تەلىم-تەربىيە ئېلىشىغا ئۈزلۈكسىز پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى تەدبىر چىقىرىش ئاپپاراتىغا كىرىپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. نۆۋەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈستىدىكى ئاممىۋى نازارەتنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك ئاممىۋى نازارەت قىلىش مېخانىزىمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئاممىۋى نازارەت ئاستىدا بولۇشى ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلار دائىم ئامما ئارىسىغا، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىدىن كەلگەن "بىرىنچى سىگنال"نى تەدبىر چىقىرىشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىشى كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان تۈرلۈك ئىسلاھات ئىشلىرىدا، ئىلمىي، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر تۈزۈش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن نەپكە ئېرىشتۈرۈش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆتۈرۈش ئىقتىدارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ ھەم "ئىسلاھات خەلق ئۈچۈن" بولۇشىنىڭ تەلىپى، ھەم جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

**ئۈچىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ۋە ھوقۇقىنى كارخانىدا ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش، بولۇپمۇ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش سوتسىيالىستىك كارخانا تۈزۈمىنىڭ يېڭىلىنىشى، شۇنداقلا ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. جۇڭگوچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئىلمىي بولغان كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى يەڭگۈشلەنگەن ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلغان تەقدىردىمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر كارخانىدىكى خوجايىنلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ كەتسە كارخانىمۇ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي شەكىلدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى شەكلى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، سوتسىيالىستىك كارخانىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىل، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، بىر تۈركۈم چوڭ ۋە ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى «شىركەت قانۇنى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش بويىچە سىناق ئېلىپ بارىدۇ. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا: "ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كارخانىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك" دەپ ئېنىق كۆرسى-

تىلدى. شۇڭا، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلار، مەيلى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى، ھەسسىدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىرى بولسۇن ياكى شىركەتكە ئۆزگەرتىلگەنلىرى ۋە كارخانىلار گۇرۇھى بولۇپ ئۇيۇشقانلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىنى يولغا قويۇشى كېرەك. «شىركەت قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، دۆلەت ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا، ئىككىدىن ئارتۇق دۆلەت كارخانىسى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەبلەغ سالغۇچى سۇبيېكت بىرلىشىپ تەسىس قىلغان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا، پرىنسىپ جەھەتتە «كارخانا قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش ھەمدە شىركەت تۈزۈمىنىڭ تەلىپىگە لايىقلى-شىش ئاساسىدا يېڭى كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. بۇنداق كارخانىلاردا باشقۇرۇش ھەيئىتى، نازارەت قىلىش ھەيئىتى ۋە ھەسسىدارلار كېڭىشى قۇرغاندا، كارخانىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ياكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مەلۇم ساندىكى ئىشچى-خىزمەتچى-لەر ۋەكىلىنى قاتناشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلار ۋە غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك-تىكى كارخانىلاردا، بولۇپمۇ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردا، مەسلىھەتلىشىش-تەنپەنلىشىش، كوللېكتىپ توختام ئىمزالاش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك، ئىشچىلار ئۇيۇش-مىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋەكالىتەن، ئەمگەك ھەققى، خىزمەت ۋاقتى، دەم ئېلىش، ئارام ئېلىش، ئەمگەك مۇھاپىزەت، سۇغۇرتا، پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە مۇھاپىزىتى قاتارلىق ئەمگەك ھوقۇقى-مەنپەئىتى مەسىلىرى ئۈستىدە كارخانا بىلەن تەڭ-باراۋەر بولۇش ئاساسىدا مەسلىھەتلى-شىپ، كوللېكتىپ توختام ئىمزالاش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى قائىدىگە چۈشۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىم ۋە ماسلاشقان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى كارخانىدا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

**تۆتىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك.** ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ۋە دېموكراتىك ھوقۇقىنى داۋاملىق قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئىتى ۋە ئەمگەك ھوقۇقىنى داۋاملىق قوغداش بىلەن بىرگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئىتى ۋە ئەمگەك ھوقۇقىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش نۆۋەتتە سەل قاراشقا بولمايدىغان زور مەسىلە، بۇ بىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ئوبدان ئىگىلىشىمىزگە بىۋاسىتە تۇرتكە بولىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا، ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاممىنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ يىل ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەھەتتىكى ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر، نۇرغۇن ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى ياكى چىقىش ئالدىدا

تۇرماقتا، ئىسلاھاتنىڭ قەدىمى چوڭ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ. تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش داۋامىدا ھەم خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلاش، ھەم جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەرگىز ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ ھال بىزدىن تۈرلۈك ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، ھەر خىل زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىشنى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە قوللاش ۋە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە، جايلار زىيان تارتقان كارخانىلارنى پايدا ئېلىشقا ئايلاندۇرۇش، كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ۋە سۇنغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى، ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ۋە مال باھا ئىسلاھاتى جەريانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ۋە پېنسىيە پۇلىنى بېرەلمەي ئارقىغا سوزۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى مەسىلىلەر پەيدا بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە كارخانىلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئەستايىدىللىق بىلەن مۇۋاپىق ھەل قىلىشى كېرەك. ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا ئادىل بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈشنى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخس مەنپەئىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك تاپاۋىتىنى ئەمگەك مېۋىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەش كېرەك. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە نورمال ئىش ھەققى ئۆسۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

**بەشىنچى، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.** ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى بولغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى كۆۋرۈكى ۋە رىشتىسى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈۋرۈكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۆلەت، كارخانا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەت قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي شەكىللىنىدۇ. ئەمگەك مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي زىددىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى ۋە قوغدىغۇچىسى بولۇش سالاھىيىتى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، دېموكراتىيە ۋاستىچىسلىق ۋە ئىجتىمائىي تەڭشىگۈچىلىك رولى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ، ئۇ تېخىمۇ مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك

پارتكوملار مەركەزنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭىشىش يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئىسلاھاتى بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى قانۇن، نىزاملارغا ۋە مەركەز يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى سىناق خىزمىتىگە دائىر ئىشلارغا باشتىن-ئاخىر، ھەر جەھەتتىن قاتناشتۇرۇشى كېرەك، دېمەك، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت ئاپپاراتىغا كىرگۈزۈلۈشى، ھۆججەت شەكىللەندۈرۈش، سىناقنى ئورتاق ئېلىپ بېرىش ۋە ئىز بېسىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا قاتناشتۇرۇلۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سۆھبەت يىغىنى ياكى بىرلەشمە يىغىن قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، خەۋەرلىشىش ۋە ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە كارخانا ئالدىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سالاھىيىتىنى ۋە ئورنىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى، ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشىشىنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى قوللىشى كېرەك. جايلارنىڭ «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆز ئىسلاھاتىنى ۋە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىنى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى كېرەك، تەشكىلىي تۈزۈلمە، ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە پائالىيەت شەكىللىرى قاتارلىق جەھەتلەردە پائال ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىۋىلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

## 4

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي ئىشلىرىدۇر. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆز زىممىسىدىكى تارىخىي ۋەزىپىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشتا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، خوجايىنلىق روھىنى ۋە ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىدىن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك.

—— ئىشچىلار سىنىپى جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققى-

ياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. يۈكسەك خوجايىنلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئۆز خىزمىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىشى ۋە ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىشى، ئەلا نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىشى كېرەك. ئەمگەك مۇسابىقىسى، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىختىرا قىلىش، كەشپىيات يارىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تىرىشىپ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ زىيانىنى پايدىغا ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

—— ئىشچىلار سىنىپى ئىسلاھاتنى پائال قوللاپ، ئاڭلىق تۈردە ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشى لازىم. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق ئىش. ئىشچىلار سىنىپى ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ خوجايىنى، سۇبيېكتى بولۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئىسلاھاتقا پائال ئاتلىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن چارە-تەدبىر كۆرسىتىشى لازىم؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قوللانغان بىر قاتار مۇھىم ئىسلاھات سىياستى ۋە تەدبىرلىرىنى قوللاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈرلۈك ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىشى لازىم؛ ئىسلاھات داۋامىدا مەنپەئەت جەھەتتە بولغان پايدا-زىياننى توغرا تونۇپ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئىتىنىڭ، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا شەخسىي مەنپەئەتنى كوللېكتىپ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇشى، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشى كېرەك. شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىش كېرەككى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قانچىكى چوڭقۇرلاشقانسېرى، مەنپەئەت قۇرۇلمىسى قانچىكى تەڭشەلگەنسېرى، بازارنىڭ رولى قانچىكى كېڭەيگەنسېرى، ئىشچىلار سىنىپى غايىنى، ئىنتىزامنى، ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئومۇمىيلىقنى شۇنچە تەكىتلىشى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېسىل ئەنئەنە-سىنى ۋە جاپا-مۇشەققەتتە ھەمدەمدە بولۇش، ئومۇمىيلىقنى كۆزلەش روھىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇشى، ئورتاق تەرەققىي تېپىش ۋە ئورتاق بېيىش يولىدا شۇنچە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

—— ئىشچىلار سىنىپى مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، ئىجتىمائىي – سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئاھالىسى كۆپ، ئىگىلىكى نىسبەتەن تەرەققىي تاپمىغان جۇڭگودەك دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت بولمىسا، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئىشچىلار سىنىپى قانۇنچىلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قەدىرلىشى ۋە قوغدىشى، ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى مۇستەھكەملىشى ھەم كۈچەيتىشى كېرەك. شۇنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش دېگەندە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە، ئاساسلىقى سانائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشچىلىرى، زىيالىيلار ۋە باشقۇرغۇچىلارغا تايىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەكلىككە ئىگە. سانائەت ئىشچىلىرى مەدەنىيەتكە، بىلىمگە، تېخنىكىغا موھتاج؛ زىيالىيلار ئەمەلىي تەجرىبىگە، ئىشچىلار بىلەن بىرلىشىشكە موھتاج؛ باشقۇرغۇچىلار مەدەنىيەتكە، بىلىمگە، تېخنىكىغا موھتاج بولغاندىن سىرت، ئەمەلىي تەجرىبىگىمۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئاممىۋى كۆز قاراشقىمۇ موھتاج. شۇڭا سانائەت ئىشچىلىرى، زىيالىيلار ۋە باشقۇرغۇچىلار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئىشچىلار سىنىپى قوشۇننى پارچىلايدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا ۋە پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

—— ئىشچىلار سىنىپى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈشى لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرنى ۋە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىجتىمائىي جامائەت ئەخلاقى تەربىيىسىنى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت-تېخنىكا ساپاسىنى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا ۋە ئىلمىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ ھەم تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
تەلئەت ئىبراھىم
رىسالەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇستەھكەملەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى تۇتۇش لازىم

خۇ زۇڭبىن

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدىن 3-ئومۇمىي يىغىنىغىچە بىر تال ئاساسىي يىپ ئۆتكۈزۈلگەن، بىر توناللىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ بولسا: ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇلتۇر 8-ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنى چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېقىن مۇددەتلىك كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىلارنى تۈزۈپ چىقتى. يېرىم يىلدىن بۇيان تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇش، چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بەزى پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئۆسۈپ يامراپ كېتىش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن توسۇلدى. بۇ كۆرەش ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ۋە كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ھىمايە قىلىشىغا، قوللىشىغا ئېرىشىپ، ساغلام قانات يايدۇرۇلماقتا. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشتە مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاساسىي جەھەتتىن مەركىزىي كومىتېت كۆزلىگەن تەلەپكە يېتىلدى، بۇ سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق ئىگىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتلەردە ئىجابىي رول ئوينىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىز چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە چەكلەپ تۇرۇشقا پۈتۈنلەي قادىر؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۆرەش قىلىش توغرىسىدىكى يېقىن مۇددەتلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرى تامامەن توغرا، ئۇنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. خوش، بۇ يىل يېڭى باسقۇچلۇق چىرىكلىككە قارشى كۆرەش قانداق ۋەزىيەتكە يۈزلەندى؟ بىر تەرەپتىن، ئالدىنقى باسقۇچتىكى نەتىجىلەر بۇ يىل مۇشۇ باسقۇچتىكى خىزمەتلەرگە ئوبدان ئاساس سېلىپ بەردى ۋە تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى باسقۇچتىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى يەنە ئېغىر ۋەزىپىگە ۋە يېڭى سىناققا دۇچ كەلدى.

بىرىنچى، بۇ يىل 14-قۇرۇلتاي ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىزىغا سالىدىغان ھالقىلىق بىر يىل، ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغان ئىسلاھات لايىھىلىرى ۋە تەدبىرلىرى خېلىلا كۆپ بولىدىغان بىر يىل، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولىدىغان بىر يىل. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانى دۆلەت، جايلار، كارخانىلار ۋە ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق، مەسئۇلىيەت، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش جەريانى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا كۆپ تەرەپلەرنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە چېتىلىدۇ-دە، مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن؛ ئىسلاھاتنىڭ قەدىمى چوڭايغان، مەلۇم جەھەتلەردىكى ھەرىكەت قائىدىسىنى بېكىتىش نىسپىي ئارقىدا قالغان ئەھۋالدا، قانۇن-نىزام، سىياسەت، تۈزۈم ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى كاۋاكلاردىن پايدىلىنىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى كۆپىيىپ قېلىشى مۇمكىن؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ۋە رەھبىرىي ئورگانلىرى كادىرلىرىنىڭ تېخىمۇ زور زېھىن-كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تۇتۇشىغا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا "ئىككى قول بىلەن تۇتۇش"تا چىڭ تۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم، ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىسا، "بىرىنى قاتتىقراق، بىرىنى بوشراق تۇتۇش" ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ. ئالدىمىزدا مۇنداق بىر گەۋدىلىك رېئال مەسىلە تۇرۇپتۇ: ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مەنپەئەتنى تەڭشەشنىڭ كەڭلىكى ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ھەم نۇرغۇن يېڭى زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىرمۇنچە مۇرەككەپ ئامىللارنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قانداق قىلىپ ھەم ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى چوڭايتىپ، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەم چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئاجىزلاتماي، كەينىگە چېكىندۈرمەي، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە ۋە سىناق.

ئىككىنچى، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەردە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن تېخى خېلىلا يىراق، چىرىكلىك ھادىسىلىرى يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر، ئاممىا تېخى رازى ئەمەس. شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئىچىدە، نىسپىي ئېيتقاندا، مەسىلىنى يۈزەكى ھەل قىلىش ئەھۋاللىرى كۆپ، بۇ يىل ئۈزلۈكسىز تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپرەك كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ، تۈزۈلمە ۋە تۈزۈم قاتارلىق چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، مەسىلەن، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، كارخانا قۇرۇش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقىلدى، ئەمما بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ "مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش" دېگەن تەلىپىدىن خېلىلا يىراق. يەنە مەسىلەن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بەلگىلەنگەن بىر تۈركۈم مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش تۈرلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر قىسمى تېخى ئەمەلىيلەشتۇرۇلمىدى. بۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم بىر سەۋەب شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش،

مۇسادىرە قىلىشتىن كىرگەن كىرىمنى "كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىم-ئايرىم باشقۇرۇش" ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنمىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، قالايمىقان راسخوت يىغىدىغان ناتوغرا ئىستىلالارنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش تەس، تۈگىتىلگەن تەقدىردىمۇ قايتا پەيدا بولىدۇ. لېكىن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يەنە كېلىپ تەسرەك بولىدۇ. بۇ يىل مۇشۇ جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش-قىلالماسلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر سىناقتۇر.

ئۈچىنچى، ئومۇمەن ئالغاندا، نۆۋەتتە ئاممىنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە بولغان ئىشەنچى ئاشتى، لېكىن، ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاما ھەم ئىشەنچكە ئىگە، ھەم ئەندىشە قىلماقتا. ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق، ئاما پارتىيىمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرۈۋالدى ھەمدە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى بىۋاستە ھېس قىلىشتى، بۇنىڭ بىلەن چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشقا بولغان قىيىنچىلىقتىن قورقۇش، دەرگۇمان بولۇش روھىي ھالىتى ئۆزگىرىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچى ئاشتى ھەمدە مۇشۇنداق داۋاملىشىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن زور ئۈمىد بار دەپ قارىدى. ئۇلار ھازىر چىرىكلىككە قارشى كۈرەش بىردەملىك شامالمىدۇ، مۇقام ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ، سۇسلىشىپ قالارمۇ، توختاپ قالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز تۇتۇپ داۋاملاشتۇرۇشىمىزنى، ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە قازىنىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن چىقالمىساق، بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇپلا چېكىنىپ كەتسەك، ئاممىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقى ۋە قىزغىنلىقىغا قاتتىق تەسىر يەتكۈزۈپ قويىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئۈمىد نارازىلىققا ئايلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئاممىنىڭ ئىشەنچىدىن، قوللىشىدىن ۋە قاتنىشىشىدىن ئايرىلىپ قالساق، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالىمىز. شۇڭا، بۇ يىل قانداق قىلىپ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ساقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇش بىزنى كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىر سىناقتۇر.

بىز دۇچ كەلگەن مەسىلە ۋە سىناق، ئومۇميلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇنۇنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇ يىل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش لازىم، بۇ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت. چىرىكلىككە قارشى كۈرەش مۇشۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى مۇھىم تەرەپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىز بۇ يىلقى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى ۋە ئىجتىمائىي رولىنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇشىمىز، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن تۇتۇش قىلىشىمىز لازىم.

بۇ يىل، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە يېقىنقى مەزگىلدە ئۈبدان تۇتۇشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر توغرىسىدا قارار»نى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە

www.uyghurkitap.com

مەركىزىي كومىتېتى ئالدىنقى باسقۇچتا ئوتتۇرىغا قويغان چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، فاڭجېنى، پرىنسىپىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى تۇتۇش دېگەن ئومۇمىي تەلەپنى ئۆزگەرتمەي داۋاملىق شۇ بويىچە تۇتۇش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يىلقى ۋەزىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە پارتىيىلىك، پارتىيىسىز كادىرلارنىڭ، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسەن، ئۈچ خىزمەتكە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم. بۇ توغرىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە ۋە يولداش ۋېي جيەنشىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان دوكلاتىدا ئېنىق ئورۇنلاشتۇرمىلار ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش بۇلارنى چىڭ، ئوبدان تۇتۇپ، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش. بۇ توغرىدا ئازراق سۆزلىمەكچىمەن. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇستەھكەملەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## مۇستەھكەملەشنى تۇتۇش توغرىسىدا

مۇستەھكەملەشنى تۇتۇش دېگەنلىك ئالدىنقى باسقۇچتىكى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ئالدىنقى باسقۇچتا باشلانغان خىزمەتنى چوقۇم ئاخىرىغىچە تۇتۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم، باشتا چىڭ تۇتۇپ ئاخىرىدا بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ؛ يەنە بىرى، ئالدىنقى باسقۇچتا ئۈنۈم ھاسىل قىلغان خىزمەتلەرنىڭ كەينىگە چېكىنىشىدىن، قايتىلىنىشىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت نەتىجىلىرىنى ئۆز ئەينى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، لېكىن بەكمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىۋېتىشكە، قارىسىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشقا بولمايدۇ. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە كۆز يۇمماسلىق كېرەك. بىرىنچىدىن، خىزمەتنىڭ يۈرۈشۈپ بېرىشى تەكشى ئەمەس، ئوخشاش بولمىغان جايلار، تارماقلار، ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدا خىزمەت نەتىجىلىرى شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ باھاسى خېلى زور پەرقلىنىدۇ، ئۇلاردىن خىزمەتنى ئاددىي ئىشلەپ قويغانلار ئاز ئەمەس، بەزىلىرى ھەتتا ئاساسىي جەھەتتە ھېچقانداق ھەرىكەتكە كەلمىگەن، رەسمىيەتئۆچۈنلا ئىشلىگەن؛ ئىككىنچىدىن، نەتىجىلەر مۇستەھكەملەنمىگەن، مەلۇم خىزمەتلەر تېخى جايىدا ئىشلەنمىگەن، قايتىلىنىش ۋە كەينىگە چېكىنىش ئاملىلىرى روشەن ھالدا مەۋجۇت. ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋەزىپىسى خېلىلا ئېغىر.

مۇستەھكەملەشنى تۇتۇشتا، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە بۇ يىل چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى داۋاملىق چىڭ، ئوبدان تۇتۇش لازىملىقىنى ئېنىق تونۇتۇش كېرەك. يېڭى باسقۇچقا كىردۇق دەپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى بولدى قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەردە، ئالدىنقى باسقۇچتىكى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە كۆزلىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىسەك، خەلقنىڭ ئالدىدا لەۋزىمىزدە تۇرمىغان بولىمىز، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدىن كېيىن ناۋادا ئالدىنقى باسقۇچتىكى خىزمەت نەتىجىلىرىمىزنى كەتكۈزۈپ قويۇپ، كەينىگە چېكىنىش ۋە قايتىلىنىش يۈز بېرىدىغان بولسا، خەلقنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ

لەۋزىمىزدە تۇرمىغان بولىمىز. چىرىكلىككە قارشى كۈرەش نەتىجىلىرى ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەن، ئۇنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس، بۇنىڭدا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. خىزمىتىمىزنى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز ئاساسىدا چوڭقۇرلاشتۇرۇشقىلا بولىدۇكى، توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، چېكىندۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

مۇستەھكەملەشنى تۇتۇشتا، ئالدىنقى باسقۇچتا بايقىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. نۆۋەتتە، ئامما مەلۇم قىلغان بەزى ئېغىر مەسىلىلەر تېخى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنمىدى، بەزى مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ يىپ ئۇچى چىڭ تۇتۇلمىدى ھەمدە ماھىيەتلىك تەرەققىياتلار قولغا كەلمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، مەلۇم قىلىنغان ئېغىر مەسىلىلەرنى چالا-بۇلا تەكشۈرۈپ بولدى قىلىپ تاشلاپ قويۇشقا، چىرىك ئۇنسۇرلارنى قاچۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئاللىقاچان پاش قىلىنغان مەسىلىلەرنى بولۇپمۇ چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى تۈرلۈك توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك، يۈز-خاتىرە قىلىپ كەڭچىلىك قىلىشقا، جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئادىمىنى قوغدىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ. بەزى جايلار، تارماقلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى باسقۇچتا رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى تەكشۈرگەن ياكى ئامما پاش قىلغان، مەركىزىي كومىتېتنىڭ پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇش توغرىسىدىكى بەش ماددىلىق بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى تېخى تۈزىتىلمىدى ۋە بىر تەرەپ قىلىنمىدى، بەزىلىرى بىر قەدەر چوڭ ئىدىيىۋى توسالغۇغا ئۇچرىدى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئاللىقاچان ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ تارقىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇشقا دائىر "بەش ماددىلىق بەلگىلىمە"گە خىلاپلىق قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۈزەتمىگەنلەرگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە جازا بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغانىدى، بۇ بەلگىلىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. بۇ يىل پارتىيە، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇشى مەزمۇن قىلىنغان دېموكراتىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئالدىنقى باسقۇچتا بايقالغان مەسىلىلەرنىڭ تۈزىتىلگەن-تۈزىتىلمىگەنلىكىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش-تىن ئىبارەت. مانا بۇلار ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم تەدبىرلەر-دۇر.

مۇستەھكەملەشنى تۇتۇشتا، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆزلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى ۋە مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىشتىن كىرگەن كىرىمنى "كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىم-ئايرىم باشقۇرۇش" ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى چىڭ تۇتۇپ بەلگىلەپ چىقىپ، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىجرا قىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش بۇ يىل مۇشۇ باسقۇچتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ھەرقايسى تەرەپلەر بۇنىڭغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىر-بىرىنى قوللاپ، خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى كېرەك. چوڭقۇر قاتلامغا چېتىلىدىغان بۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، ئالدى تەرەپتىن ئىشىك ئېچىش، ئارقا ئىشىكنى ئېتىش، توغرا

www.uyghurkitap.com

يولنى تۇتقانلارغا ئىشكنى ئېچىپ بېرىش، خاتا يولنى تۇتقانلارغا ئىشكنى ئېتىۋېتىش، قورۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، مەسلىنى تۇپتىن ھەل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

## 2. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش توغرىسىدا

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش دېگەنلىك بۇ يىللىقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ئەستايىدىل يولغا قويۇش دېگەنلىكتۇر. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇشى جەھەتتە، بۇ يىل "ماشىنا"، "ئۆي-زېمىن"، "پۇل-پېچەك"، ئىچكى قىسىمدا كۆتۈۋېلىش، ۋە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىغا ئائىت مەسىلىلەردە يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئىلگىرىكى تەلەپلەر قايتا تەكىتلەندى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىگىمۇ يېڭى تەلەپلەر قويۇلدى. بۇ ئالدىنقى باسقۇچتىكى خىزمەت نەتىجىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە يېڭى قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىمىز، بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا، ئالدى بىلەن رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن پاك بولۇشى، ئۆزىنى تۇتۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى، مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ھەل قىلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىكتە تۇتۇش، ھەرقايسى تەرەپلەر بىقىندىن ماسلىشىش لازىم. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان تونۇشلار بەزى پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئارىسىدا ھازىرمۇ يەنىلا مەۋجۇت. بۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيىۋى توسالغۇ. شۇڭا، ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقىدۇر.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا، خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بەزى جايلار، تارماقلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئادەتتىكىدەكلا يەتكۈزۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەنلا توختاپ قېلىپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، بولۇپمۇ توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، قارشىلىقنى يېڭىپ، قىيىن يېرىنى تۆگىتىپ، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش چارىلىرى كۆپ بولمىدى، نەتىجىدە خىزمەت ئۈنۈمىمۇ چوڭ بولمىدى. ھالبۇكى، خىزمەتتە بىر قەدەر روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلغان جايلار ۋە تارماقلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار خىزمەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئويۇشتۇرۇپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان، خىزمەتتىكى مۇھىم، قىيىن نۇقتىلارنى ۋە كادىرلار، ئامما ئىنكاس قىلغان مەركىزىي مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يېڭى چارىلەرنى تېپىپ، ياخشى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتقان.

بۇ يىلقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ۋاقىت جەھەتتىن قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ ھەركىمنى ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغان قىلىش، قانداق ماسلاشتۇرۇش، قانداق تەكشۈرۈش جەھەتلەردە كۆڭۈلدە سان بولۇشى كېرەك. تىمسىقلاپ يۈرۈش، ئۇدۇل كەلگىنىنى ئىشلەش ئۇسۇلى ئاقمايدۇ. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇپ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى، ئالدىن كۆرەرلىكنى ۋە پىلانچانلىقنى كۈچەيتىپ، خىزمەت سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا، نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتتىكى مۇھىم بىر تەجرىبە، ئورۇنلاشتۇرۇشلا بولۇپ، تەكشۈرۈلمىسە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە ئاسانلا شەكىلۋازلىق كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق توسقۇنلۇقلار مەۋجۇت بولۇۋاتقان جايلار ۋە تارماقلار ئۈچۈن نازارەت ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش تېخىمۇ زۆرۈر. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قارايدىغان بولساق، نازارەت ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش نۆۋەتتىكى چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىمۇ ھېسابلىنىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا قانۇنچىلىق يولىغا سېلىپ، رەھبەرلىكى بولغان، تەرتىپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئاممىۋى ھەرىكەت قوزغاشقا بولمايدۇ، لېكىن يەنە ئاممىغا تايىنىش كېرەك. بۇ نۇقتىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؟ نازارەت ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ئاساسىي ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ بىرى. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنىڭ بىرى ئاممىۋى نازارەت يەنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولغان نازارەتتۇر، يەنە بىرى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشى، يەنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولغان نازارەت ۋە تەكشۈرۈشتۇر. ئاممىۋى نازارەتنىڭ بىر ئاساسىي شەكلى خەت ئارقىلىق پاش قىلىش. بۇ ئالدىنقى باسقۇچلۇق چىرىكلىككە قارشى كۆرەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ يىل ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە ئۇنۇمىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى يەنىلا ئاممىنىڭ پاش قىلىش ئەھۋالىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تۈردە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاممىنىڭ چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى مەلۇم قىلىش، پاش قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش، ئىلھاملاندۇرۇش، قوزغاش كېرەك، ئاممىنىڭ چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى پاش قىلىشنى بېسىشقا، زەربە بېرىشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، خەت ئارقىلىق پاش قىلىشنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۆرەشتە ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشىمۇ ئوخشاشلا ئالاھىدە مۇھىم رولغا ئىگە. پارتىيىمىز ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلاردىن دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە تەشكىل قىلىنغان بىر پۈتۈن گەۋدە. تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەت يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىش، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىنىڭ تەلىپى. يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشى ھەم كۈچلۈك نوپۇزلۇققا ئىگە، ھەم ئاسانلا ئۈنۈم بېرىدۇ. نازارەت قىلىشنى ، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگەللەپ، خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، بۇ يىل مۇشۇ باسقۇچلۇق چىرىكلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارشى كۆرەش بىر قەدەر ئۇزاققا سوزۇلىدۇ، چىڭ تۇتۇلمىسا، ئەزمىلىك قىلىش، دەسلەپتە چىڭ تۇتۇپ ئاخىرىدا بوشىشىپ كېتىش ھادىسىلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىزمەتلەرگە ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نازارەت قىلىشنى، تەكشۈرۈشنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم.

## داۋاملىق تۇتۇش توغرىسىدا

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل فاڭجېنى، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ۋە ئالدىنقى باسقۇچلۇق چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىز بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق. چىرىكلىك ئىللەتلىرى تۈگىتىلمىسە، دۆلەت ۋە خەلققە تۈگىمەس بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيىنىڭ روناق تېپىشى ياكى چۈشكۈنلىشىشىگە، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىغا ياكى خەتەرلىكىگە، خەلقنىڭ مايىل بولۇش-بولماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. يولداشلىرىمىزنىڭ ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە خەۋپتىن پەخەس بولۇش ئېڭى بولۇشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى بوشاشتۇرماي داۋاملىق ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

خوش، ئۇنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قانداق قىلغاندا ئاندىن داۋاملىق تۇتقىلى بولىدۇ؟ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، بىر ئۇسۇل مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، ئۇ بولسىمۇ بەلگىلەنگەن نىشان ئاستىدا، باسقۇچقا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش، بىر مەزگىل ئىچىدە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرقانچە گەۋدىلىك مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە باسقۇچلۇق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىنى قەدەممۇقەدەم ئىلگىرى سۈرۈش. بۇنىڭدا ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا ئىدىيىسى مەسىلىسى بار. ستراتېگىيە جەھەتتە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە دەپ تونۇپ، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقىش لازىم؛ تاكتىكا جەھەتتە، باسقۇچلۇق نىشان بەلگىلەپ، قەدەممۇقەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. خۇددى ئۇرۇشنى بىر-بىرلەپ قىلغاندەك، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىمۇ باسقۇچ ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆپ يىللىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىڭ رېئال تەلىپى دېيىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا يېڭى ۋەزىيەتتە چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ نەتىجىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئومۇمىي نىشان بىلەن باسقۇچلۇق ئورۇنلاشتۇرمىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش لازىم. بۇنداق ئوي-پىكىر ۋە ئۇسۇلنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بار؛ بىرىنچى، باسقۇچلۇق ۋەزىپە ئومۇمىي نىشانغا بويسۇنىدۇ،

ئۇ ئومۇمىي نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەمەلىي باسقۇچ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمىي نىشان ۋە ئومۇمىي نەتىجە باسقۇچلۇق نىشان ۋە باسقۇچلۇق نەتىجىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ؛ ئىككىنچى، باسقۇچلۇق نىشاندا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە رېئاللىقتا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، يەنە كېلىپ سىياسەت چېگرىسىنى ئاسان بەلگىلىگىلى بولىدىغان، تىرىشىش ئارقىلىق قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىشقا بولىدىغان مەسىلىلەردۇر؛ ئۈچىنچى، ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلىي، كىشىلەر كۆرەلەيدىغان خىزمەت نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىلىك ۋە پارتىيىسىز كادىرلارنىڭ، ئاممىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئىشەنچىنى ئاشۇرغىلى، جەڭگىۋارلىق روھىغا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ؛ تۆتىنچى، باسقۇچلۇق خىزمەتتە مەسىلە كۆپىنچە يۈزەكى ھەل قىلىنىدۇ، تەرەققىيات داۋامىدا ئۇنىڭغا يەنە تۈپتىن ھەل قىلىش مەزمۇنلىرى قوشۇلىدۇ، قانۇن-نىزام، تۈزۈم، باشقۇرۇش ۋە ئەخلاق جەھەتلەردە ئىجابىي ۋە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىش بىرلەشتۈرۈلىدۇ؛ بەشىنچى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ باسقۇچلىرى ئۆزئارا ئۇلانغان، باغلانغان بولغاچقا، پۈتكۈل خىزمەتنى ھەم باسقۇچلۇق ھالدا، ھەم توختاتماي قانات يايدۇرۇپ، تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاز نەتىجىلەرنى يىغىپ چوڭراق نەتىجىگە ئايلاندۇرۇش، قىسمەت دائىرىلىك نەتىجىلەرنى يىغىپ ئومۇمىي دائىرىلىك نەتىجىگە ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلىمۇ بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تونۇش ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىپ بارغۇسى.

چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى تۈتۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتا، نۆۋەتتە مۇنداق ئىككى خىل بىر تەرەپلىمە تونۇشتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم:

بىرىنچى خىلى، "چىرىكلىككە قارشى كۈرەش بىر يەرگە بېرىپ قالدى" دەپ قاراپ، ئالدىنقى باسقۇچتىكى نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىش. باسقۇچلۇق نىشان ۋە تەلەپلەر ئومۇمىي نىشان ۋە ئومۇمىي تەلەپنى نامايەن قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئومۇمىي نىشان ۋە ئومۇمىي تەلەپنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. مەسىلەن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك بولۇشى، ئۆزىنى تۇتۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئالدىنقى باسقۇچتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھېلىقى بەش ماددىدىنلا ئىبارەت دەپ ھېسابلايدىغان بىر خىل چۈشەنچە بار، بۇ خىل چۈشەنچە توغرا ئەمەس. بىرىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئىلگىرىلا ناھايىتى كۆپ بەلگىلىمىلىرى بار ئىدى، ئىككىنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە يېڭى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىدۇ، بۇ يىلنى ئالساق، يېڭىدىن بەش ماددا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باسقۇچلۇق نىشان ۋە باسقۇچلۇق تەلەپ ئەستايىدىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك، لېكىن، ئۇلار يەنە چەكلىك نەرسە،.ئۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىپ، قەدەمنى توختىتىشقا بولمايدۇ.

يەنە بىر خىلى، ئىشنى بىرلا ئەجىر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىپ، باسقۇچلۇق نىشان ۋە باسقۇچلۇق نەتىجىگە سەل قاراش. چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى بىراقلا پۈتۈنلەي تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بەزى يولداشلار باسقۇچلۇق ئورۇنلاشتۇرما ۋە باسقۇچلۇق نىشانغا قانائەت قىلماي، مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىشقا ئالدىراپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، ئارزۇ-ئۈمىد بىلەن رېئال ئەھۋال ماسلاشماي قېلىپ، ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىپ روھى چۈشۈش تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ھەر بىر كونكرېت باسقۇچتا تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسەك، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئومۇمىي نىشان ۋە ئومۇمىي نەتىجە

غايىۋى نەرسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇكى، رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ. ئەگەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇتمايدىغان، يەنە كېلىپ، باسقۇچلۇق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتمايدىغان بولساق، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئالغا سىلجىتىشكە ئىلاجسىز قالىمىز، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىپ قويىمىز. ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلى ئاكتىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلدۇر.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىجادىي ئىش. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى بار. بۇ يىل مۇشۇ باسقۇچلۇق خىزمەت داۋامىدا، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن كۈچلۈك كاپالەت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ جەرياندا، يەنە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلساق، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق ئورۇندا تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى نەتىجە يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

**(ئاپتور: مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىسلاھاتىنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش

**بەي لىچېن**

15 يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلىرىغا ئوخشاش، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىمۇ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىش ياساپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنداق بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت چوڭ سىياسەت، چوڭ مۇھىتنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بولغان نىڭشىيا ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكى ۋە كونكرېت ئەھۋالى تۈپەيلىدىن، ئىسلاھاتتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر جەھەتتە، ئۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ۋە چارىلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دادىل ئىزدىنىش كېرەك.

## 1. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھاتىدا ئىشنى ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك

نىڭشىيا ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكى ئاساسى ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى تۆۋەن، تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا. پۈتكۈل دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسا، نىڭشىيا "سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرۇۋاتىدۇ". بۇ — تارىختا شەكىللەنگەن ئوبيېكتىپ پاكىت، لېكىن نىڭشىيانىڭ جۇغراپىيىۋى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، خۇاڭخې دەرياسى نىڭشىيانى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئېقىشى ئاستا، سۇ مىقدارى كۆپ، سۇغىرىشقا باب كېلىدۇ، "خۇاڭخې دەرياسىنىڭ زىيىنى كۆپ بولغان بىلەن، خېتاۋ رايونىغا پايدىلىق" دېگەندەك، نىڭشىيا ئەزەلدىنلا "سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىق" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇنداق تەبىئىي شارائىتتا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدا تۇرغان كىشىلەر ئاسانلا قانائەتلىنىدۇ، "سەللا بېيىپ قالسا كۆڭلى ئارام تاپىدۇ"، ئىدىيە ۋە ئاڭ-پىكىر جەھەتتە بىر قەدەر بېكىنمە ھالەتتە تۇرىدۇ ۋە بىر قەدەر مۇتەئەسسىپ بولىدۇ، كۆپ چاغلاردا سىرتقى دۇنيانى كۆرمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشى ئاستىراق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىڭشىيالىقلارنىڭ

نار مەھەللىۋازلىق ئىدىيىسىمۇ بىر قەدەر قويۇق. كىشىلەر: «ئىنگىشيادا ھەر يەرلىك ئادەم بار، لېكىن ھېچ يەردىن ئىنگىشيالىقلارنىڭ ئىزى تېپىلمايدۇ» دېيىشىدۇ، بۇ گەپنىڭ مەلۇم داۋلىسى بار. ئىنگىشيالىقلاردىن ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇ يەر-بۇ يەرگە بېرىپ، تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا ئاتلىنىدىغان كىشى ھەققەتەن ئاز. بۇنداق ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلار كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ساپاسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكتە، بۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتتە كۆپىنچە «قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، تەرەپ-تەرەپكە قاراپ بېقىپ، ئاندىن يولدىن ئۆتىدۇ» غانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئارقىسىدا، ئۇلار تەرەققىياتقا پايدىلىق بەزى پۇرسەتلەرنى ئۆز-ئۆزىدىن بېكىنىۋېلىشى ۋە ئۆز-ئۆزىدىن قانائەت قىلىشى سەۋەبى بىلەن قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئىنگىشيانىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئارقىدا قالغانلىقىدىكى مۇھىم ئوبيېكتىپ ئامىل مانا مۇشۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، جەمئىيەتتە بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنى ئېغىر دەرىجىدە چۇشەپ كەلگەن ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھاتنىڭ تەلپىگە ماسلىشىپ، ئىسلاھات يولىدا ئالغا قەدەم تاشلىيالايدۇ. ئەلۋەتتە، دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم؛ لېكىن ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش تېخىمۇ مۇھىم، ئالاھىدە گەۋدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز تۇرلۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق كادىرلارغا ۋە ئاممىغا ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېڭىنى ۋە تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، تاۋار ئېڭى، رىقابەت ئېڭى، ئىسلاھات ئېڭى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئېڭى قاتارلىق ئاڭلارنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئىنگىشيانىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈردۇق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۆزقاراشلارنى ئۆزگەرتىشنى يېتەكچى قىلىپ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سۈرۈش، ئىسلاھاتنىڭ پۈتۈن جەريانىدا بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇش بىزنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم بىر تەجرىبىمىز ۋە ھاسىلاتىمىز بولدى.

بىز كۆزقاراشلارنى ئۆزگەرتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، دائىملىق تەشۋىق-تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق تۇتتۇق:

كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم كادىرلارنى پەيدىنپەي رەھبەرلىك ئورنىغا چىقاردۇق؛ كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش ياساشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئارقىلىق چەتتىن ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، پەن-تېخنىكىنى ۋە ھەر جەھەتتىكى ئۈچۈرلارنى ئەكىلىش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تۈردە كادىرلارنى باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ۋەزىپىدە تۇرۇپ چېنىقىشقا ئەۋەتىپ تۇردۇق. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۇرۇش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردۇق، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردا مىللىي تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۇردۇق. ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي كادىرلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى %4.5 تىن 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %14.9 كە ئۆستى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىمۇ خېلى چوڭ ئۆسۈش بولدى.

كەڭ يېزىلاردا، كەڭ دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، "مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، پەن-تېخنىكىنى ئۆگىنىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆگىنىش، بىر ئەۋلاد يېڭىچە دېھقانلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش" مەزمۇن قىلىنغان "2 — 3 — 1 قۇرۇلۇشى" زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. "2 — 3 — 1 قۇرۇلۇشى" يولغا قويۇلغان ئۈچ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرى بويىچە 180 مىڭ كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى 1990-يىلى 4-قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان 22.69% تىن ھازىرقى 14.47% كە چۈشتى. 400 مىڭ دېھقان مەلۇم پەن بىلىملىرىگە ئىگە ئىكەن دەپ باھالىنىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىدىكى پەندە ساۋاتسىز دېگەن قالپاق ئېلىۋېتىلدى. يېزىلاردا پەن-تېخنىكا، ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە 40 مىڭ قارارغا يېقىن ھەر خىل بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلىپ، كۇرسقا قاتناشقان دېھقان 2 مىليون 200 مىڭ ئادەم-قېتىمدىن ئاشتى؛ دېھقانلاردىن بىر تۈركۈم تېخنىكلار يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى، پەن-تېخنىكا بويىچە بىر تۈركۈم ئۈلگىلىك يېزىلار، ئۈلگىلىك كەنتلەر ۋە ئۈلگىلىك ئائىلىلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. بۇ پائالىيەت كەڭ دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە "پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش" ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش بولۇپ قالدى.

## 2. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھاتىدا ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇشتىن چىقىش يولىنى تېپىش كېرەك

جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بىر ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بايلىقى مول، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات بولۇشتىن ئىبارەت. نىڭشيانىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، تېخنىكا كۈچى ئاجىز، قاتنىشى قۇلايسىز، سىرتتىن ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشى ئاستا بولسىمۇ، لېكىن مول بايلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز يەرلىرىنىڭ يېرىمى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويلىرىدا، سۇ مەنبەسى مول، سۇ چىقىرىۋېتىش بىلەن سۇغىرىش مۇئەسسەسەلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قۇرغاقچىلىقتىمۇ، ھۆلچىلىكتىمۇ ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆستەڭ-ئېرىق ئارقىلىق باشلاپ كەلگەن سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 4 مىليون مودىن ئاشىدۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىليون مو بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دېمەك، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور. كۆمۈر ۋە مېتاللوئىدلار بايلىقى مول، ئېلېكتر كۈچى يېتەرلىك، ئېنېرگىيە سانائىتى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. يېزا ئىگىلىكى بىلەن ئېنېرگىيە نىڭشيانىڭ چوڭ ئىككى ئۈستۈنلۈكى ھېسابلىنىدۇ. بىز، نىڭشيانىڭ ئىسلاھاتىدا ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدۇق. ئىدىيە ئازاد بولۇش، كۆزقاراشلارنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا، بىز ئۈستۈنلۈكنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ چىقىش يولىنى تېپىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، بىز يېڭى تەرەققىيات

مېخانىزمنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەبلەغ ۋە كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، مەبلەغ سېلىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى بىلەن ئېنېرگىيەدىن ئىبارەت بۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ئىككى چوڭ كەسىپنى كۈچەيتتۇق ھەمدە ئاكتىپ ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بازارلارغا، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىكى چوڭ بازارلارغا يۈزلىنىپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە كەسىپلەرنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك تۈردە ئاشۇردۇق.

يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، 90-يىللاردا، بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خېتاۋ سۇغىرىش رايونىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى ۋە چوڭ تىپتىكى بىرنەچچە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆز ئېقىشىغا قاراپ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىمىز. خۇاڭخې دەرياسىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ سۇغىرىش رايونىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى مۇستەھكەملەش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن تاغلىق رايونلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلايمىز. بىز بەلگىلىگەن يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى نىشانى: يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشنى يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىپ، بازارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى، تاۋارلىشىش نىسبىتى يۇقىرى، پېرېۋوت يارىتىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلارنى بولۇشىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى زىرائەتلەر قۇرۇلمىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، تېرىشىپ قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، سورتىنى ياخشىلاش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. دېھقانلار مەسىلىسى جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلە. شۇڭا، ئالدى بىلەن دېھقانلارنى بېيىتىش كېرەك، بۇ بىزنىڭ مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىمىزدۇر.

كۆمۈر، سۇ بايلىقى، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار نىڭشيا ئىگىلىكىدىكى يەنە بىر ئۈستۈنلۈكنى — ئېنېرگىيە ئۈستۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرگەن. قانداق قىلىپ بۇ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى رېئال ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىسلاھاتىمىزدىكى ئاساسىي ھۇجۇم قىلىش نىشانى بولۇپ كەلمەكتە. قاتناش قۇلايسىز، توشۇش قىيىن بولغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈر ۋە باشقا نۇرغۇن بايلىقلىرىنى سىرتقا چىقارغىلى بولمايۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلىنالماي قالدى-دە، "ئالتۇن تاۋاقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئاچ قېلىۋاتىمىز". بۇنداق ئەھۋال بىزنى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىرىشىپ كۆمۈر، ئېلېكتر، تۆمۈريول كارخانىلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، گورۇھلاشتۇرۇش، كۆمۈر كارخانىلىرى، ئېلېكتر كارخانىلىرى ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى كارخانىلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بىز كۆمۈرنى سىرتقا چىقىرالماسلىق ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھېچكىمدىن ئاغرىنماي، پائال ئامال ئىزدەپ، كۆپنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، "ئېلېكتر بازىسىنى قۇرۇپ، كۆمۈر چىقىرىشنى توك چىقىرىشقا ئۆزگەرتىش" دېگەن يېڭى ستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرنى ئېنىق

ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز بۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېنېرگىيە ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى چارىسى دەپ ھېسابلايمىز، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش مۇمكىنچىلىكىنى دەلىللەش ئارقىلىق "غەربتىكى توكنى شەرققە يەتكۈزۈش" دېگەن تەسەۋۋۇرنىڭ ياخشى ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ چىقتى.

### 3 ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھاتىدا يېتەرسىز تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ چىقىرىش كېرەك

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بايلىق مول بولۇش، ئەمما تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، نىسپىي نامرات بولۇشتەك ئىككى جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا يەنە يېتەرسىز تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ چىقىرىش لازىم. ئۇنداق قىلماي، ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇشنىلا بىلىپ، يېتەرسىز تەرەپلەرنى تولدۇرۇشنى بىلمەي، بىر پۇت بىلەنلا يول ماڭىدىغان بولساق، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ، تەرەققىيات تېخىمۇ تەكشىسىز بولۇپ كېتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ زور يېتەرسىز تەرىپى كەڭ نامرات رايونلارنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. مەملىكەت بويىچە نامرات ناھىيىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا جايلاشقان، نىڭشيانىڭ تاغلىق رايونىغا جايلاشقان، سەككىز ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىخەيگۇ ۋىلايىتى ئاتاقلىق نامرات رايون دەپ تونۇلغان ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرىدۇر. نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۈپتىن ياخشىلانمىسا، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش تەس بولىدۇ، تەرەققىياتنىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، بىز ئىزچىل تۈردە نامرات ناھىيىلەر بارلىقىدىن ئىبارەت يېتەرسىز تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە قەتئىي بوشاشماي ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئېلىپ باردۇق. بىز تاغلىق رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولۇش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىرىشى مۇقىم بولماسلىق ۋە مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى ئارقىدا قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، بىر قاتار نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندۇق. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى يېتەكچى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، نوقۇل ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ نامراتلارنى يۆلەشنى پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ نامراتلارنى يۆلەشكە ئۆزگەرتتۇق؛ قۇتقۇزۇش بېرىش يولى بىلەن نامراتلارنى يۆلەشنى پەن-تېخنىكىغا، مائارىپقا تايىنىش، قان ياساش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش يولى بىلەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە ئۆزگەرتتۇق. بىرنەچچە يىل بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، تاغلىق رايونلاردىكى نامرات ناھىيىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي ئىشلەپچىرىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. شۇ جايدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تايانچ كەسىپلەرنى بەرپا قىلىش، رىقابەت كۈچى بار مەھسۇلاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، نامرات رايونلاردا پەيدىنپەي "قان ياساش" مېخانىزمى بەرپا قىلىندى؛ يېڭى كۆچمەنلەر بازىسى ئېچىلىپ، يېڭى ئېچىلغان جايدا نامراتلارنى يۆلەش-ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشى ئالغا سۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاغلىقلار سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىدىغان ئەمگەك مۇلازىمىتى بازىرى پائال ئېچىلىپ، دېھقانلارنىڭ تاغلىق رايوندىن

www.uyghurkitap.com

چىقىپ، چىقىش يولىنى تېپىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىندى؛ يېزا-بازار كارخانىلىرى راسا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تاغلىق رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىز جايلارنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-نامراتلارنى يۆلەشنىڭ يېڭى شەكلى ئۈستىدە پائال ئىزدەندۇق. مەسىلەن، خوتەن، خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تۇڭشىن ناھىيىسى بايلىق مەنبەسى كەمچىل ناھىيە، لېكىن ئۇ نىڭشيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، يەنە كېلىپ خۇيزۇلار ئاممىسى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ئادىتىگە ئىگە، بىز بۇ ئالاھىدىلىكنى نەزەرگە ئېلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، تۇڭشىن ئوبوروت سىناق رايونى قۇرۇپ، تېرە، فاسەي، ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىق بىرنەچچە تۈرلۈك زور مىقداردىكى بۇيۇملار بويىچە تىجارەتنى قويۇۋېتىشنى، سودا-سانائەتنى باشقۇرۇش، باج، ئېكسپورت قىلىپ پېرېۋوت يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدۇق. بىرنەچچە يىل سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇنداق "ئوبوروتنى يېتەكچى قىلىپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش" تەدبىرى شۇ ناھىيە ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. بۇلتۇر مەركەزدىكى بىر مەسئۇل يولداش خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن نىڭشياغا كەلگەندە، تۇڭشىننىڭ ئۇسۇلىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇ سىناقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشى بىزگە زور ئىلھام بەردى، بىز بۇنىڭدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، نامراتلارنى يۆلەشتە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، بارلىق ئامىللار بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشنىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان يولى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم ئىكەن؛ ئۇنداق قىلمىغاندا، ئارزۇيىمىز ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن، نامراتلىق مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئەمەس، يۈزەلا ھەل قىلالايدىكەنمىز، تەلتۆكۈس، مۇقىم ھەل قىلىپ كېتىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدىكەنمىز. 1991-يىلى بىز يەنە لۇخۇ نامراتلارنى يۆلەش-ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رايونىنى قۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش-ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە، ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈش بىلەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى، خەلقنى بېيىتىش بىلەن ناھىيىنى بېيىتىش بىرلەشتۈرۈلگەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا، ترانسپورت، بىناكارلىق قاتارلىق كەسىپلەر ئۈنۈۋېرسال راۋاجلاندۇرۇلىدىغان سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى بەرپا قىلىش تېپىنى يارىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتە يېڭى تەجرىبە ھاسىل قىلدۇق. تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات تاغلىق رايونلارنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، نامراتلار دائىرىسى كۆپ كىچىكلىدى، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولمىغان دېھقان ئائىلىلىرى ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى %70 تىن %13 كە چۈشتى، گوۋۇيۈەن يېقىندا چاقىرغان نامراتلارنى يۆلەش يىغىنىنىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، "يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون نامرات ئاھالىنى يۆلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى"نىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات رايونلارنىڭ مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىشقا ئىرادىمىز چىڭ، ئىشەنچىمىز كامىل.

نىڭشيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان بولۇش، قاتناش قولايسىز بولۇش شۇنىڭدەك زېمىنى كىچىك،

ئاھالىسى ئاز، بازار سىغىمچانلىقى كىچىلىك بولۇش قاتارلىق پايدىسىز ئامىللىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز "شەرق بىلەن غەرب بىر-بىرىنى تولۇقلاش" تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان كۆپ يوللۇق، كۆپ ساھەلىك، كۆپ شەكىللىك توغرىسىغا يۆنىلىشلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتۇق، بۇنىڭ بىلەن رايونلۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، كەسىپ بويىچە ياردەملىشىش، چەتتىن مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈش، ماددىي ئەشيا بويىچە ھەمكارلىشىش، ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش، ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇش، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تەرەققىيات بولدى. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بىلەن ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خۇاڭخې دەرياسى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قاتارلىق ئون نەچچە رايونلۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە كەسىپداشلار جەمئىيىتىگە قاتناشتۇق، شاڭخەي بىلەن كەسىپ بويىچە ياردەملىشىش ئاساسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتۇق، غەربتىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بىلەن بىرلىشىپ "غەربكە ئېچىش" تەدبىرىنى قوللىنىش ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە پۈتۈشۈپ قويدۇق. بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق "شەرق بىلەن غەرب بىر-بىرىنى تولۇقلاش" تاكتىكىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، ئىجتىمائىي بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپلا قالماستىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاپ، يېتەرسىز تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

بىز نىڭشيانىڭ چېگرا بويىغىمۇ، دېڭىز بويىغىمۇ يېقىن بولماسلىق، خەلقئارا بازار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلالماسلىقتەك قىيىنچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە "ئۈچ نۇقتا، بىر لىنىيە"دىن ئىبارەت يېڭى ئوي- پىكىر ۋە ستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ستراتېگىيىنىڭ ئاساسىي تەلىپى مۇنداق: نىڭشيانى بازا قىلىپ، دېڭىز بويى (چېگرا بويى) رايونلىرىغا ھەتتا چېگرىنىڭ سىرتىغا بېرىپ "ۋىترىنا"لىق رول ئوينايدىغان كارخانىلارنى قۇرۇپ، شۇ جاينىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، "خەقنىڭ كېمىلىرى بىلەن سىرتقا مال چىقىرىپ، خەقنىڭ كېمىلىرى بىلەن چەتتىن مال كىرگۈزۈپ"، نىڭشيانىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى، سودا ئالاقىسىنى، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش، شۇنىڭ بىلەن نىڭشيا — دېڭىز بويى (چېگرا بويى) رايونلىرى — دېڭىز سىرتى (چېگرا سىرتى) دىكى ئەللەر ۋە رايونلاردىن تەشكىل قىلغان "ئۈچ نۇقتا، بىر لىنىيە"لىك ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، نىڭشيانىڭ بايلىقنى ئېچىشى ۋە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش. بىر-نەچ-چە يىلدىن بۇيان، "ئۈچ نۇقتا، بىر لىنىيە"لىك ئەندىزىنىڭ تەلىپىگە ۋە بۇ جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇ-رۇشلارغا ئاساسەن، بىرمۇنچە كارخانىلار دېڭىز بويى رايونلىرىغا بېرىپ "ۋىترىنا"لىق رول ئوينايدىغان كارخانىلارنى قۇردى، چەت ئەللەرگە بېرىپ شىركەتلەرنى قۇردى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئالدى. نىڭشيا ئامېرىكا، تايلاند، سىنگاپور، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە شياڭگاڭدا مەبلەغ سېلىپ ئون نەچچە چېگرا سىرتى كارخانىسىنى قۇردى، ئۇنىڭ 160 نەچچە خىل تاۋارى 60 نەچچە دۆلەت ۋە

www.uyghurkitap.com

رايونغا چىقىرىلدى، 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايونلاردىكى سودىگەرلەر ئىنگلىشىيادا ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسىدىن 260 نەچچىسىنى قۇردى. ئىنگلىشىيا چەتتىن كىرگۈزگەن مەبلەغ، ئۇسكۇنە ۋە تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە ئىلىم-پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىغا دائىر بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ باردى، بىر قىسىم كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ چىقتى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، "ئۈچ نۇقتا، بىر لىنىيە"دىن ئىبارەت سىرتقا ئېچىۋېتىش ستراتېگىيىسى ئىنگلىشىيا رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى "ۋېنتىرىنا"لىق رول ئوينايدىغان كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى خەلقئارا بازار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ قالماقتا.

## 4. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئاچقۇچى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا

يولداش دېڭ شياۋپىڭ، مۇقىملىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ كاپالىتى، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگو ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چوقۇم چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈمىدى ئەنە شۇنىڭدا. لېكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم مۇقىم سىياسىي مۇھىت بولۇشى كېرەك." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 586-بەت) بۇ سۆز ئىنتايىن توغرا. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھاتىمۇ شۇنداق. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز مۇنداق تونۇشتا بولۇپ كەلدۇقكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى مۇقىملىقنىڭ مەزمۇنى ۋە ئامىللىرى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاچقۇچى ۋە يادروسى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جۈملىدىن مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت. مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىدا چىڭ تۇرۇش ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر تۈپ پرىنسىپى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم بىر مىللىي سىياستى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز ئۇزاقتىن بۇيان مىللىي خىزمەتتە ساقلىنىپ كەلگەن "سول"چىل خاتالىقلارنى ئېنىقلاپ ۋە تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىسلاھاتقا ئاتلىنىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىدۇق. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 15 يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر بىر-بىرى بىلەن دوستانە، ئىناق ئۆتۈپ كەلمەكتە. "خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ" دەيدىغان ئىدىيە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن كۈنسايىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا، بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇقىم، ئىتتىپاق بولغان مۇھىتنى يارىتىپ بېرىپ، مۇھىم كاپالەتلىك رولىنى ئوينىدى.

ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىپ قالدۇ، باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش، مىللىي خىزمەتتە ئۇنداق-مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، گەپ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشتا. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، ماۋ زېدۇڭنىڭ خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، يېتەكلەش، تەربىيىلەش، ئىتتىپاقلىشىش فاڭجېنىدا چىڭ

تۇرۇپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، ئۇنى ۋاقتىدا، سوغۇققانلىق بىلەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش بىزنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىپ يۇرۇپ پەيدىنپەي ۋۇجۇدقا كەلتۇرگەن بىر يۇرۇش ئۇنۇملۇك فاڭجېن ۋە ئۇسۇلىمىز. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا، بىز دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى، دىننى ۋە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشنى تەشەببۇس قىلىمىز، قانۇن بويىچە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايمىز، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ئائىت خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيمىز، دىنىي مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئىنتايىن ھوشيار بولىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا قارىتا، بىز ”قانۇنچىلىقنى ساقلاش، خەلقنى قوغداش“ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق چارە كۆرىمىز.

مىللىي مەسىلە، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادىي مەسىلىدۇر؛ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى، شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇمۇ بىزنىڭ كۆپ يىللار داۋامىدا ئالغان تەسىراتىمىز. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز مىللىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال ياردەم بېرىشنى ئىزچىل تۇردە چىقىش نۇقتىمىز ۋە ئاخىرقى مەقسىتىمىز قىلىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق مۇقىملىققا پۇختا ئاساس سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدۇق. بىز بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتۇق. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى قەدەممۇ قەدەم كۆپەيتىپ كەلدۇق، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئومۇمىي مۆلۈكچىلىك بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 6-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 50.8% ئاشتى. دۆلەتتىن ھەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىزغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن ”تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەبلىغى“ پۈتۈنلەي خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۈرلىرىگە ئىشلىتىلدى. خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم مەركەزلەشكەن نامرات تاغلىق رايونلارغا قارىتا، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى كەسىپ بويىچە ياردەم بېرىش يولىنى تۇتۇپ، مەبلەغ جەھەتتىن ئۇلارغا كۆپرەك ئاجرىتىپ بەردى، مالىيە جەھەتتىن ئۇلارغا يار-يۆلەك بولدى، باج جەھەتتىن ئۇلارغا ئېتىبار بەردى، ئىختىساسلىق خادىم جەھەتتىن ئۇلارغا ياردەملەشتى. بۇ خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەبەدىي ئامان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى ۋە داۋاملىق ئويناىدۇ.

نىڭشيانىڭ تەرەققىياتى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ يۆلىشى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا پائال ياردەم بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ياردەم بېرىشكە پائال سەپەرۋەرمۇ قىلدى، بۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىزچىل

سىياسىتى. بۇ جەھەتتە، بىز نىڭشىيا خەلقى پارتىيە ۋە دۆلەتكە شۇنىڭدەك ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى خەلققە ئىنتايىن رەخمەت ئېيتىمىز. لېكىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى تەرەققىياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاساسلىقى، ئۆزىنىڭ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىشى لازىم، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىغا ئىگە بولمىسا، دۆلەتنىڭ يۆلىشى ھەرقانچە كۈچلۈك، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمى ھەر قانچە كۆپ بولغان بىلەنمۇ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، بۇنىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىسلاھاتىنىڭ يولى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىمىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەريانى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانى، شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش جەريانى بولدى. 15 يىللىق ئەمەلىيەتنى ئەسلەپ باقساق، بىزدە زور تەرەققىيات بولغانلىقىنى كۆرىمىز، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋاتىمىزكى، غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقى ھېلىمۇ ناھايىتى زور؛ ئىلگىرى بىز تەرەققىي قىلىشتا ئىسلاھاتقا تايانغانىدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئالغا سۈرۈپ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشتىمۇ يەنىلا ئىسلاھاتقا تايىنىشىمىز لازىم. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىنى قايتا-قايتا تونۇش ئاساسىدا، ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، دادىل ئىزدىنىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىسلاھات يولىنى تېپىپ چىقىمىز ۋە بۇ يولدا ئوبدان ماڭىمىز.

**(ئاپتور: نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

《求是文选》（维吾尔文版）国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11——2498
邮发代号：2—373 定价：0.95元 邮政编码：100013